# ياشلىق نۇرىنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا چاقنىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تاماملىنىدىغان يىلىدا، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تارىخىي كېسىشىش يىلىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

## ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە يىلتىز تارتىش خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش

كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش... يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، لياۋنىڭ ئۆلكىسى دالىيەن شەھىرى جىنپۇ يېڭى رايونى چىدىڭشەن كوچا باشقارمىسىنىڭ 38 ياشلىق مۇدىرى لۈ چېيىڭ ئىزچىل بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇردى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىگەنلىكى بىزدىن خەلق ئاممىسىنىڭ سۈبيېكتلىق ئورنى ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاڭلىق ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلاپ، تەدبىر بەلگىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقىدۇر» دېدى لۈ چېيىڭ.

لۈ چېيىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان پارنىك كۆكتاتلىرى ۋە چوڭ گىلاس بىر مەھەل كاساتلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك سېتىش سۇپىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، پارنىك كۆكتاتلىرى ۋە چوڭ گىلاسنىڭ سېتىلىش يولىنى ئاچقان. «ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىگەن، ئىنچىكە ئىشلىگەن، ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.» دېدى لۈ چېيىڭ.

«ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ مەيدانىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە يۇكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.» كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ياش پىدائىيلار ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى جاڭ چاۋخۇي مۇنداق دېدى: «خەلقنىڭ مەيدانى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيەگە بولغان ھېسسىياتتا، خەلققە بولغان ھېسسىياتتا ئىپادىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك».

خۇبېي شىيەننىڭ جيايۈ ناھىيەسىدىن كەلگەن «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىشچىسى جوۋ توفۇ يۇقۇم مەزگىلىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، كونا مەھەللىلەردىكى يالغۇز قالغان ياشانغانلار ئۈچۈن دورا، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى ۋاكالىتەن سېتىۋالدى. «ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق بولسا، بىز ھەرىكەتكە كېلىمىز. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىق ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، ئاز ـ ئازدىن مۇلازىمەت قىلىپ ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىمىز.» دېدى جوۋ توفۇ.

گۈيجۇنىڭ بىجيې شەھىرى ۋېينىڭ ناھىيەسى شىمېن يېزىسى ئىتتىپاق كەنتىدىكى «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇ جۈنپۇ خەلقنىڭ مەيدانىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پۈتتى.

«نامراتلارنى يۆلەيدىغان ياش كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ بوشاشماي تىرىشىش بىزنىڭ ‹خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش›تىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز». خۇ جۈنپۇ مۇنداق دېدى: دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئارقىلىق، ھازىر پۈتۈن كەنتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان يەنە 14 ئائىلىدىكى 46 كىشىلا قېپقالدى، ناھىيە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلانماقتا.

خۇ جۈنپۇ مۇنداق بىلدۈردى: «بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا، مەن داۋاملىق ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى نامرات تاغلىق رايوننىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلاپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىمەن».

## كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاش دەۋرنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش

«تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرى پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە بەس ـ بەستە ئاتلىنىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، چىن ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچان روھىنى نامايان قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۇكسەك ئالقىشىغا ئېرىشتى».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى بېيجىڭ داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى لى رەننى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. چاغاننىڭ 2 ـ كۈنى ۋۇخەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جىددىي خىزمىتىگە ئاتلاندى.

ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش، ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىش، ھەرقايسى جايلارنىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش... لى رەن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىلەن بىللە، بىز نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ۋىرۇسقا بولغان تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز توغرىلاپ، تېخىمۇ ئىلمىي داۋالاش ئېلىپ باردۇق.

«دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلىغاندىلا، ئاندىن مېھرىبان قەلبىم ۋە تېخنىكام بىلەن خەلققە بەخت يارىتالايمەن.» لى رەن مۇنداق دېدى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان كۈنلەردە، ھەر قېتىم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ قېنىدىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى ئۆرلەپ، نەپەسلىنىشى مۇقىملىششقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، بارلىق تۆلىگەن بەدەللىرىمنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاشتا، ئۆگىنىشنى بىر خىل مەسئۇلىيەت، بىر خىل مەنىۋى ئىنتىلىش قىلىپ، ئادەتتىكى ئىش ئورنىدا قالتىس كىشىلىك ھاياتنى يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 24 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 ـ ماي مېدالى»نى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. جياڭسۇ سۇنىڭ ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتىنىڭ تېز يەتكۈزۈش خادىمى يەن خۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى.

150 مىڭدىن ئارتۇق يەككە تېز يەتكۈزۈشنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى تاماملاش نىسبىتى 100%كە يېتىش، بۇ، يەن خۇنىڭ تېز يەتكۈزۈش خادىمى بولغاندىن بۇيانقى نەتىجە تىزىملىكى. يەن خۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۈگۈنكى كۈندە تېز يەتكۈزگۈچىلەر «يۈگۈر ـ يېتىم ئىش قىلغۇچى»دىن «قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغانلار»غا ئايلاندى، دەرھال تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، يەتكۈزۈش ـ قاچىلاشنى بىر گەۋدە قىلىش، ئوراش ـ قاچىلاش، يىغىۋېلىش... ھەر خىل ماھارەتلەرنىڭ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

بۈلتۈر، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سۇنىڭ ئەشيا ئوبوروتى بىلەن نەنجىڭ پوچتا ـ تېلېگراف داشۆسى بىرلىشىپ «تېز يەتكۈزۈش شۆيۈەنى» قۇردى. «مەن بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردۇم، ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ماھارەت توپلاشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى يەن خۇ.

كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلىغاندىلا، ئاندىن يۈز مىليونلىغان خەلق بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپىرى يولىدا قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

رەقەملىك تېخنىكا ساھەسىگە كۆچەۋاتقان جېجياڭ كۈندىلىك ھەمتۈرتكە تورى يەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى فاڭ يى يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كوللېكتىپنى يېتەكلەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سانلىق مەلۇمات ئەقلىي ئىقتىدار سۇپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ئاچتى.

رەقەملىك تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، فاڭ يى مۇنداق بىلدۈردى: رەقەملىك تېخنىكىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش ئورنى ئۈزلۈكسىز بېيىۋاتىدۇ، بىز قەدەمنى توختىتىپ قويساق بولمايدۇ. «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى بىزنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى. بىز تىرىشىپ ئىچكى گۆمپىنى ياخشى يېتىلدۈرۈپ، بىلىم ۋە ئىقتىدارنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت چارىگە ئايلاندۇرۇپ، ياشلىقىمىزنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىمىز».

## غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىش دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىش

ياشلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى شىئەن قاتناش داشۆسى ئالەم قاتنىشى ـ ئاۋىياتسىيە شۆيۈەنىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى سۈڭ سىياڭنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە يەن تەتقىقات خىزمىتىگە نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

«دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ يەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە يۆنىلىشىنى ئىزدەش مەن يەن تەتقىقات خىزمىتىنى باشلىغان چاغدا ئۆگەنگەن تۇنجى دەرس. بىز غايە ـ ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىپ، يەن تەتقىقات خىزمىتىنى ۋەتەننىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، شەخسىي غايىمىزنى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك» دېدى سۈڭ سىياڭ.

بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ بىر دەۋر كىشىلىرىگە خاس بۇرچى بار، ياشلارنىڭ ياشلارغا خاس مەسئۇلىيىتى بار.

«شىزاڭنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇش مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى». بېيجىڭ داشۆسى تېببىي بۆلۈمىنىڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇرى لى ئاڭ بۇلتۇر 8 ـ ئايدا شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ، ئىچكى ئاجراتما كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىقىغا تەيىنلەندى. كېسەل كۆرۈشكە چىقمىغان ۋاقىتتا، ئۇ دائىم كەنتلەرگە بېرىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ خەلق رايىنى ئىگىلىدى. تەكرار دەلىللەش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ دوختۇرخانىغا باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، سانلىق مەلۇمات يىغىپ توپلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن كەسپىي تەكلىپلەرنى بەردى.

يەنە ئۈچ ئاي ئۆتسە، لى ئاڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىدۇ. «شىزاڭنىڭ داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۆزۈمنىڭ بىلىمى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشالىغانلىقىمدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدىم» دېدى لى ئاڭ.

بېغىشلاشنى دەۋر ئېقىمىغا سىڭدۈرۈپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ياشلىق سەھىپىسىنى پۈتۈش.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، جەنۇبىي جۇڭگو تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى ماتېرىيال ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى دۇەن چۈنخۇي ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى نەچچە ئايدىن بۇيان ئىزچىل توردا ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، قۇياش باتارېيەسى ساھەسىدىكى تېما تەتقىقاتىنى ئالغا سىلجىتتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماقالىنى ۋەتەن چوڭ تۇپرىقىدا يېزىپ، ئۇللۇق تەتقىقاتقا كۈچ سەرپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.» 2017 ـ يىلى، دۇەن چۈنخۇي گوللاندىيەدىكى ئۆگىنىشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، كوللېكتىپنى يېتەكلەپ مۇناسىۋەتلىك ساھەدە يەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ياشلارنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ، بىز يەن تەتقىقات خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تالانتىمىزنى نامايان قىلىدىغان سەھنىنىڭ تەييارلانغانلىقى، كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ دەۋرگە يۈز كەلگىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى دۇەن چۈنخۇي.

**(يېزىشقا قاتناشقانلار: سەي يۈڭجۈن، لياڭ جيەنچياڭ، لو فېي، لىن مياۋمياۋ، خې لېيجىڭ، جاڭ شۈەن، شۈ زۈخۇا، لى جيەن، جىڭ خۇەيچياۋ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 89.91%كە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 368 يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىنىڭ تىجارەت باشلاش نىسبىتى 94.80%كە يەتتى.

## سۈرئەت تېزلىتىلدى ئاساس پۇختىلاندى

ھازىر، بۇرچىن ناھىيەسى ئاق قېيىن ئورمىنى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش لاگېرى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى ئالدىراش بولۇپ كەتتى — چېدىر مېھمانسارىيىنىڭ ئىچى بېزىلىۋاتىدۇ، لاگېرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئىچىمۇ بېزىلىۋاتىدۇ. «بىز شىمالىي شىنجاڭ دېڭىز ساھىلى مەنزىرە رايونى، ئاق قېيىن ئورمىنى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش لاگېرى، يېشىللىقتىن ھۇزۇرلىنىش ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش لاگېرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز» دېدى بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋۇ لېي.

قىيىنچىلىق ئالدىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى كۈتۈپ تۇرمىدى، بەلكى پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەتچىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈتۈۋېلىش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلىدى.

بۇ يىل، ئالتاي ۋىلايىتى «ئۈچ قېيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق»نى ھەل قىلىشنى ساياھەت تورى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆچەش نۇقتىسى قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن 35 ساياھەت ھاجەتخانىسى، ئالتە ماي قاچىلاش پونكىتى، 14 ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، 1013 خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى تورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى يېڭىدىن 52 ساياھەت ھاجەتخانىسى، بەش ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، 40 خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى، ساياھەتتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى بويىچە بەش تۈر، ئاقىل ساياھەت تورى بويىچە تۆت تۈر قاتارلىقلارنى قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. ئىگىلىنىشچە، پۈتۈن شىنجاڭدا داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقان ساياھەت تۈردىن 189ى، يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلىغان تۈردىن 205ى، زاپاس تۈردىن 1071ى بار بولۇپ، بېكىتىلگەن سودىگەر ـ مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى 282گە يەتكەن.

## تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلدى ئىچكى گۆمپا ياخشى يېتىلدۈرۈلدى

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باش كاتىپى، جەمئىيەت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى جوۋ لېي «شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت تەتقىقات ـ ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ ئۈندىدار توپىدا مۇنداق بىر ئۇقتۇرۇش چىقاردى: 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان 2020 ـ يىللىق 2 ـ قارارلىق ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش چوڭ دەرسخانىسىدا لېكسىيە باشلىنىدۇ، باش تېمىسى مەدەنىيەت، ساياھەتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش. 2 ـ ئايدىن باشلاپ، مەدەنىيەت، ساياھەت بۇلۇت دەرسخانىسى توردا نەچچە ئون قېتىم تەربىيەلەش ئېلىپ باردى، كۇرسانتلارنىڭ دائىرىسى بۇ جەمئىيەتنىڭ 300دىن ئارتۇق ئەزا ئورنى ھەم 5000دىن ئارتۇق ساياھەتچىلىك ساھەسىدىكى زاتلار، كەسپىي كادىرلارنى قاپلىدى.

«ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغان يېڭى ئەھۋال ئالدىدا، بىز ھەممىمىز بېسىم ھېس قىلدۇق، ئۆگىنىش ئارزۇيىمىز تېخىمۇ كۈچىيىپ، ‹ئېنېرگىيە تولۇقلاش›، ‹ئىچكى گۆمپا›نى ياخشى يېتىلدۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولدۇق» دەپ قارىدى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەتنى بىرلىشىپ كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى جوۋ جىڭ. سانجى ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت ساھەسى 3 ـ ئايدا «تور بۇلۇت دەرسخانىسى» پائالىيىتىنى باشلاپ، مۇددىتى بىر ئايلىق تور دەرسى ئاچتى، دۆلەت ئىچى مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت ساھەسىدىكى زاتلارغا بولغان توردا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىمۇ ھەر خىل تەربىيەلەشلەرنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەشنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىتىپ، «يۇقۇمدىن كېيىنكى ساياھەتچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە كەسپىي تەربىيەلەش»نى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى، ھازىر، 200 نەچچە قارار تۈرلۈك تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

## مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىلدى «بۇلۇت تېرمىنالى»غا يۈرۈش قىلىندى

«بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسى تورغا چىقىرىلىپ، شىنجاڭ ساياھىتىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، قاتناش، ساياھەت، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلاردا توردا مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇ قېتىمقى دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى ساياھەتنى يېڭى تاللاش ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. سۇپىنىڭ تورغا چىقىرىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ رەقەملىك ئىقتىساد دەۋرىگە قەدەم قويۇشىدىكى تۈگۈن خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا تىرەك بولۇپ تۇرغىنى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «بۇلۇت ساياھەت» تەرەققىياتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىقى بولدى.

«مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر ئېقىمىغا چەك قويغانلىقتىن، نۇرغۇن ساياھەتچى مەنزىرە رايونىغا كېلەلمەي، بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى كۆرۈش ئارقىلىق مەنزىرە رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندى» دېدى تىيانشان تېغى بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تەشۋىقات ـ تەربىيە، قانۇن ـ نىزام باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ليۇ ۋېيى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن بىللە، كىشىلەر تەقلىدىي ساياھەت، VRدا مەنزىرىنى تاماشا قىلىش، توردا كۆرگەزمە كۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ بىر كېچىدىلا شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئايرىلالماس بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى بايقىدى — بارغانسېرى كۆپ مەدەنىيەت ـ ساياھەت مەھسۇلاتى، پائالىيىتى ۋە مۇلازىمىتى ئارقا ـ ئارقىدىن «بۇلۇت تېرمىنالى»غا يۈرۈش قىلدى.

«بۇلۇت ساياھەت»تىن پايدىلىنىشنى نەق مەيدان ساياھىتىنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق دەسسىتىشكە مەجبۇر بولۇشتىن تارتىپ، ئۇنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ يارقىن تەشۋىق قىلىش ـ تونۇشتۇرۇش شەكلىگە ئايلىنىشىغىچە بولغان جەريانىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى «بۇلۇت تېرمىنالى»غا يۈرۈش قىلىش بىلەن بىللە، يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۆپەيتتى: تىيانشان تورى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى تەشۋىق قىلىش ـ كېڭەيتىش مەركىزى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن بىرلىشىپ، تىيانشان تورى ئابونىچى تېرمىنالى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات كۆچمە تورى، خەلق تورى، دوۋيىن، كۈەيشوۋ قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20دىن ئارتۇق تاراتقۇ سۇپىسى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينى «بۇلۇت سەيلىسى» قىلدۇردى، بىر سائەتتىن ئارتۇق بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق 5 مىليون 400 مىڭ ئادەمنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلدى؛ تىيانشان تېغى بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەيدان پىيادە مېڭىپ چېنىقىش ساياھىتىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ، 46 مىڭ ئادەمنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، بىر قىسىم ئاممىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى تەسىرگە ئۇچرىدى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاجىز قىسمەن ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلەندۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت سىياستىنى چىقىرىپ، يېشىل يول ئېچىپ، تەرتىپلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تۆۋەن كاپالەت پۇلىنى تېز ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سىياسەتنى تۈزۈشتىن يولغا قويۇشقىچە قىيىنچىلىقى بار ئاممىا ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىا ئويلىغاننى ئويلاپ، ئاممىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىن كۆڭلى بىلەن، سەممىي ھالدا ئاممىا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىك — خەلق رايىنى مۇقىملاشتۇرغانلىق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە مەبلىغى ئانچە كەڭتاشا ئەمەس، لېكىن ئالاھىدە مەزگىلدە زور مەبلەغ ئاجرىتىپ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىش خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ھەقىقىي نامايان قىلدى. قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلدۇرماسلىق ئۇلارغا كۆز ئالدىدا ئىشەنچلىك بەختەرلىك تۇيغۇسى بېغىشلىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىش جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى مۇجەسسەملىدى.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**